# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 6 ـ ئاي
1
دۈشەنبە
维吾尔文 6 月1日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65—0002/—W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25079 ـ سان بۈگۈن 8 بەت


## «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ

# ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش مەسىلىسى توغرىسىدا

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدىغان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 11 ـ سانىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش مەسىلىسى توغرىسىدا» ناملىق مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيەمىز خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى كۆرەش نىشانى قىلىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

**ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن مەزگىلىدە قىلغان مۇھىم سۆزى ۋە مەملىكەتلىك ئىككى يىغىننىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ 20 ـ قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى**

# يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن مەزگىلىدە قىلغان مۇھىم سۆزى ۋە مەملىكەتلىك ئىككى يىغىننىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ 20 ـ قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنى پۈتۈن مەملىكەتتە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتا پائال نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم پەيتتە ئېچىلغان بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن، دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى چوڭ ئىش. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىككى يىغىن مەزگىلىدە قىلغان مۇھىم سۆزى ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش، بولۇپمۇ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئالدىنقى شەرتىدە، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشتىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## شى جىنپىڭ كەڭ ئۆسمۈرلەر ـ بالىلارغا ئىلھاملاندۇرۇش سۆزى يوللاپ مۇنداق تەكىتلىدى

# قىزىقىپ بىلىم ئىگىلەپ، غايە ـ ئېتىقادنى چىڭىتىپ، قەتئىي ئىرادىنى تاۋلاپ، چېنىقىپ بەدەننى ساغلاملاشتۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇڭلار

## پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت ئۆسمۈرلەر ـ بالىلارنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** «1 ـ ئىيۇن» خەلقئارا بالىلار بايرىمى يېتىپ كەلگەن پەيتتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت ئۆسمۈرلەر ـ بالىلارنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلىدى!

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش كۆرۈشىدە، كەڭ ئۆسمۈرلەر ـ بالىلارمۇ بىر ئالاھىدە مەزگىلنى باشتىن كەچۈردى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەشتەك ئۇلۇغ ھەرىكىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، قالماي، بەلكى يەنە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا بويسۇنۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىنى قوللاپ، دۆلىتىمىز ئۆسمۈرلىرى ـ بالىلىرىنىڭ ياخشى روھىي قىياپىتىنى نامايان قىلدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

**باش شۇجىغا دوكلات · 2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغاندىن ئالتە يىلدىن بۇيان ③**

# تەرەققىياتتىن ئىبارەت بۇ «باش ئاچقۇچ»نى تۇتۇش

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ليۇ دۇڭلەي**

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تۇراقلاشتۇرۇلۇپ، يېڭى دەۋرنىڭ جاۋاب قەغىزى پۈتۈلدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ 2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا، شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ تېز تەرەققىياتىغا قەتئىي تەۋرەنمەي تۈرتكە بولۇش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. ئالتە يىلدىن بۇيان، مۇقىملىق پايدىسى ئۈزۈلۈكسىز قويۇپ بېرىلىۋاتقان شىنجاڭ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتتى.

**يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش**

5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى گەنچۈەنباۋ ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا، شىنجاڭ جۇڭخې پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ زاۋۇت رايونى تەرتىپلىك بولۇپ، زاۋۇت ئۆيىدە سانائەت ماشىنا ئادەمى ئۆياقتىن ـ بۇياققا ئالدىراش يۈرەتتى، تەجرىبىخانىدا تەتقىقاتچىلار پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ، ئېكراندىكى سانلىق مەلۇماتقا سىنچىلاپ قاراۋاتاتتى.

2019 ـ يىلى، شىنجاڭ جۇڭخې تەتقىق قىلىپ ئاچقان يۇقىرى ساپلىقتىكى ئاليۇمىن، ئېلېكترون ئاليۇمىن ياپراقچىسى، ئېلېكترود ياپراقچىسى قاتارلىق مەھسۇلاتلار ئىمپورتنىڭ ئورنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەپلا قالماي، بەلكى ئاسىيانى قاپلاپ، ياۋروپا، ئامېرىكىدىكى 15 دۆلەت ۋە رايونغا سېتىلدى.

يېڭىلىق يارىتىش شىنجاڭ جۇڭخېنىڭ كەسكىن بازار رىقابىتىدە «دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەش»نى پۈتمەس ـ تۈگىمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلىدى. «بىز خەلققە كېرەكلىك مەھسۇلاتلارنى ئەمەلىي قوللىنىشتىن چوڭقۇر قاتلاملىق ئېچىشقىچە تېخنىكىدا بۆسۈش ئىشقا ئاشۇردۇق، مەھسۇلاتلار ئېلېكترون يېڭى ماتېرىياللىرى ساھەسىدە ئىشلىتىلدى، ئاۋىياتسىيە، ئالەم قاتنىشى، رېلىسلىق قاتناش قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەرگە مۇلازىمەت قىلدى» دېدى شىركەتنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى چېن چاڭكې.

يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىندى. ئالتە يىلدا، شىنجاڭدا يېڭى ئېنېرگىيە، يېڭى ماتېرىيال، ئىلغار جابدۇق ياسىمىچىلىقى قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى ئالتە چوڭ ئىستراتېگىيەلىك يېڭى گۈللەنگەن كەسىپ قەد كۆتۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى قوشتى.

قارامايدىن ئىبارەت يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن مۆجىزىلەرچە قەد كۆتۈرگەن بۇ نېفت خىمىيە يېڭى شەھىرى نېفت ـ تەبىئىي گاز بايلىقى ۋە نېفت خىمىيە كەسپىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى چوڭقۇر قېزىش بىلەن بىللە، بۇلۇت ھېسابلاش كەسپى بازىسىنى پائال قۇرۇپ، «يەر ئاستى»دىن «بۇلۇت»قا يۈزلەندى.

(ئاخىرى 6 ـ بەتتە)

**ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى**



باركۆلنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلدى

ساياھەتچىلەر باركۆل كۆلى مەنزىرە رايونىدا سەيلە ـ ساياھەت قىلماقتا (5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تارتىلغان). باش ياز مەزگىلىدىكى باركۆل كۆلى مەنزىرە رايونىنىڭ ھاۋا كىلىماتى سالقىن، مەنزىرىسى گۈزەل بولۇپ، ھەرقايسى جايلاردىكى ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلدى. □ داۋۇت رىشات فوتوسى

## ئالاتاۋ پورتىدا ئېكسپورت قىلىنغان چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پوسۇلكىسى تالونى ئايدا 10 مىليون پارچىدىن ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياڭ شۇخەن، چېن چياڭۋېي، جېڭ جو** خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى سائەت 17دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە، ئالاتاۋ پورتىدىكى تاموژنا خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ سىستېما كۇنۇپكىسىنى بېسىشىغا ئەگىشىپ، 500 مىڭ پارچە ئېكسپورت قىلىنغان چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پوسۇلكىسى مەلۇماتى مۇۋەپپەقىيەتلىك قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن ئالاتاۋ پورتىدا 5 ـ ئايدا پەقەت 29 كۈندىلا يەككە ئايلىق ئېكسپورت قىلىنغان چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پوسۇلكىسى 10 مىليون پارچىدىن ئېشىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، 10 مىليون 100 مىڭ پارچىغا، مال قىممىتى 32 مىليون 600 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى.

ئالاتاۋ پورتى 2020 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئېكسپورت چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پارچە سېتىش كەسپىنى قانات يايدۇردى، 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىگە قەدەر، ئېكسپورت قىلىنغان چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پوسۇلكىسى جەمئىي 1 مىليون پارچىدىن ئاشتى. 5 ـ ئاي كىرگەندىن كېيىن،

(ئاخىرى 8 ـ بەتتە)

**ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل**

## ئادىلنىڭ تىجارىتى بارغانسېرى جانلاندى

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لى شىڭ، سۈي يۈنيەن**

4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، مۇخبىرلار ئاقسۇ شەھىرىدە 24 ياشلىق ئادىل مەمەتنى كۆردى. ئۇ قارىماققا ناھايىتى روھلۇق كۆرۈنەتتى، ئۇچىسىغا ھازىر مودا بولۇۋاتقان راھەت چاپان كىيىۋالغان، مودا، كېلىشكەن بولۇپ، مۇخبىرلارنى كىچىك دۇكىنىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا قىزغىنلىق بىلەن تەكلىپ قىلدى.

كىچىك دۇكاننىڭ كۆلىمى گەرچە ئاران ئون نەچچە كۋادرات مېتىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇششاق ـ چۈششەك يېمەكلىك، ھاراق ـ تاماكا، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ناھايىتى مول ئىدى، ھەتتا نۇرغۇن ئىمپورت تاۋارلارمۇ بار ئىدى. ئادىل مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: «دۇكىنىم كىچىك بولغىنى بىلەن تىجارىتىم بەكلا ياخشى.» ئادىلنىڭ سۆزلىرىدىن خۇشاللىق ۋە ئۆزگە بولغان ئىشەنچ چىقىپ تۇراتتى.

**تىرىشسىلا ئامىتى بارغانسېرى ياخشى بولىدۇ**

بۈلتۈر ئادىل ئاقسۇ شەھەرلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئارقىلىق،

(ئاخىرى 8 ـ بەتتە)

«لەززەتكە تولغان شىنجاڭ . ئاممىۋى مەنپەئەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش» يۈرۈشلۈك بىۋاسىتە كۆرسىتىش پائالىيىتى باشلاندى

# «مال تونۇشتۇرۇش دىكتورى» شىنجاڭنىڭ خاس مەھسۇلاتلىرىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە سېتىلىشىغا كۈچ قوشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شى شىن** خەۋەر قىلىدۇ: چەۋەندازلىق ئويۇنى كۆرگەچ رىياسەتچى خۇا شاۋ ۋە كومېدىيە ئارتىسى شياۋ شېنلوڭنىڭ شىنجاڭنىڭ خاس مەھسۇلاتلىرىنى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلاش...

5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، شىنجاڭ قەدىمىي ئېكولوگىيە باغچىسىدا، بىر مەيدان «لەززەتكە تولغان شىنجاڭ. ئاممىۋى پاراۋانلىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش» بىۋاسىتە كۆرسىتىشتە مال تونۇشتۇرۇش شىنجاڭنىڭ مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان يەشلىك خاس مەھسۇلاتىنىڭ كۆەيشوۋ بىۋاسىتە كۆرسىتىش سۇپىسى ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتكە سېتىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

新疆日报 | 石榴云
新疆报业传媒集团